# رامىزاندا ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاش توغرىسىدا

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

2014 - 1435

IslamHouse.com

# سماع الموسيقى في رمضان

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2014 - 1435

IslamHouse.com

# رامىزاندا ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاش توغرىسىدا

12647-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

رامىزان كۈنلىرىدە ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاش چەكلىنەمدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

مۇزىكا ئاڭلاش رامىزاندا بولسۇن ياكى رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا بولسۇن ئوخشاشلا ھارامدۇر. ئەمما رامىزاندا بولسا گۇناھى كۆپ ۋە ھاراملىقى كۈچلۈك بولىدۇ. چۈنكى روزا تۇتۇشتىكى مەقسەت پەقەت يېمەك-ئىچمەكتىن چەكلىنىشلا بولماستىن بەلكى روزا تۇتۇش ئارقىلىق بەدەن ئارقىلىق ئىشلەيدىغان ۋە ئاڭلايدىغان، ئاللاھقا ئاسىيلىق بولىدىغان بارلىق

ئىشلاردىن چەكلىنىش نەتىجىسىدە ئاللاھ تائالاغا بولغان ھەقىقى تەقۋادارلىقنى روياپقا چىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا كُتِبَ عَلَيْكُمُ الصِّيَامُ كَمَا كُتِبَ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ تەرجىمىسى: «ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى.» [سۈرە بەقەرە 183-ئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يېمەك-ئىچمەكنى تەرك قىلىش بىلەنلا روزا تۇتقان بولمايدۇ، ھەقىقى روزا تۇتۇش بولسا، بارلىق ناچار-بىھۇدە ئىشلاردىنمۇ ساقلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» [ھاكىم رىۋايىتى ۋە بۇ ھەدىسنى مۇسلىم شەرتىگە چۈشىدىغان سەھىھ ھەدىس دېگەن].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر مۇزىكا ئاڭلاشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا دەلىللەشكە يېتەرلىكتۇر.

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئۈممىتىمدىن بىر بۆلەك كىشىلەر دۇنياغا كېلىدۇ،

ئۆلار زىنانى، ئەرلەر يىپەك كىيىم كىيىشنى، هاراق-شاراپ ئىچىشنى ۋە ناخشا-مۇزىكا ئاڭلاشنى توغرا دەپ قارايدۇ» [ئىمام بۇخارى، تەبرانى ۋە بەيهەقىي رىۋايىتى].

بۇ ھەدىس ناخشا-مۇزىكىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىككى تەرەپتىن ئىسپاتلايدۇ:

بىرىنچى: ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلار ناخشا-مۇزىكىنى ھالال ياكى توغرا دەپ قارايدۇ، دېگەن سۆزىدىن ھەدىستە بايان قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ كەسكىن ھارام ئىكەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا مەزكۇر كىشىلەر بۇ نەرسىلەرنى ھالال-توغرا دەپ قارايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى: ھەدىستە ناخشا-مۇزىكىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى زىنا، ھاراقنىڭ ھاراملىقى بىلەن بىرگە كەلتۈرۈشى ئۇنىڭ كەسكىن ھارام ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. [شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى ناملىق ئەسىرى 91- ھەدىسكە قارالسۇن].

مۆمىن-مۇسۇلمانلار بۇ مۇبارەك ئايىنى ئىنتايىن قەدىرلىشى ۋە پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ تەرىپىگە يۈزلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىپ رامزاندىن ئىلگىرى ئادەتلەنگەن

گۇناھ-ھارام ئىشلاردىن تەل-تۆكۈس قول ئۈزۈشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنىڭ تۇتقان روزىسىنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ ۋە ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.